# 21724 - سۈنئى كىرپىك يەملەش توغرىسىدا

## سوئال

ئەسلى كىرپىكنىڭ ئۈستىگە سۈنئى كىرپىك يەملىسە قانداق بولىدۇ؟، بۇنداق قىلىش كۆزنى چوڭ ۋە جەلىپ قىلارلىق قىلىدۇ. (بەزى ئاياللار ئەرلىرى ۋە مەھرەملىرىنىڭ ئالدىدا قىلىدۇ؟.) بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

دائىمي كومىتېت پەتىۋاسىدا مۇنداق كەلگەن: " سۈنئى تىرناق ۋە سۈنئى كىرپىك ئىشلىتىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش بەدەندىكى شۇ ئەزالارغا زەرەر بېرىدۇ، شۇنىڭدەك ئاللاھنىڭ ياراتقان شەكلىنى ئۆزگەرتىش، باشقىلارنى ئالداش ۋە گوللاش بولىدۇ." ["دائىمي كومىتېت پەتىۋاسى"  17 -توم 133 -بەت.]

"شەرىئەت بىلەن تېبابەتنىڭ ئارىسىدىكى ئاياللارنىڭ زىننەتلىرى" ناملىق ئەسەرنىڭ 33 -بېتىدە مۇنداق كەلگەن: "سۈنئى كىرپىك ۋە تەبىئىي كىرپىكنى مايلايدىغان ماددىلار توغرىسىدا دوختۇرلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇ نىكېل تۇزىدىن ياكى سۈنئى كاۋچۇكتىن شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئىككى كىرپىكنىڭ چۈششى ۋە قاپىقنىڭ ياللۇقلىنىشىغا سەۋەب بولىدىكەن".

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.